# 106460 ـ روزىدارنىڭ بىر قانچە قېتىم يۇيۇنىشى توغرىسىدا

### سۇئال

روزىدار كۈندۈزدە بىرقانچە قېتىم يۇيۇنسا ياكى كۆپ ۋاقىت هاۋا سوۋۇتقۇچنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئالسا توغرا بولامدۇ؟ چۈنكى هاۋا سوۋۇتقۇچ نەملىك چىقىرىدىغان تۇرسا؟ بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

روزىدارنىڭ يۇقىرىدا سورىغىنىدەك قىلىشى دۇرۇس، بۇنىڭ روزىغا هېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ روزا تۇتقان ۋاقتىدا هاۋانىڭ ئىسسىقلىقى ياكى تەشنالىقتىن ئۈستىگە سوغۇق سۇ قۇيااتتى. ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇئەنهۇمۇ رامزاندا ئىسسىق ياكى تەشنالىق سەۋەبىدىن كىيىملىرىنى سۇ بىلەن هۆل قىلىپ كىيىۋالاتتى،نەملىك دىگەن روزىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئاشقازانغا يەتمەيدۇ.